# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 7 - ئاي
20
شەنبە
维吾尔文 7月20日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24762 - سان بۈگۈن 4 بەت


## ئاپتونوم رايونىمىز ئالدىنقى يېرىم يىلدا مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى مەبلىغىدىن 1 مىليارد 430 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈردى

مۇخبىرىمىز جاۋ شيانىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە: بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىز مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى مەبلىغىدىن جەمئىي 1 مىليارد 430 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرگەن، 437 مىڭ كۋادرات مېتىر مەكتەپ ياتاقى قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تەستىقلىغان.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتىش پىلانى تۈرى، يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ ياتاقى بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى تۈرى، مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

### چېن چۈەنگو، لىيۇ جيايى، شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ پائالىيەتكە قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لىيۇ جيايى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇدۇللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۈەننىڭ سىياسىي كومىسسارى سۈن جىنلۇڭ پائالىيەتكە قاتناشتى.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شەندۇڭ . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەمدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەمدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن شەندۇڭ ئۆلكىسى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەنلىكى ۋە خالىس ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شەندۇڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شەندۇڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە شەندۇڭ خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك ئۆلكە قۇرۇشتا پۇختا قەدەم تاشلىدى. بىز چىن كۆڭلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

## كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش

### —— 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلار دۆلەت بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ، خالىس مېھىر - مۇھەببەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى بىپايان تۇپراقتا چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزمەكتە. 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: سوبيېكتلىق ئېڭىمىزنى چوقۇم يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ھەمسىلەپ تىرىشىپ ئىشلەپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرىمىز.

■**كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتىش «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش**

«يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، قەشقەر ۋىلايىتى دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق

(ئاخىرى 4- بەتتە)

## سوبيېكتلىق ئاڭنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى كۈچەيتەيلى

### —— يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا

□گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ماركسىزملىق پەلسەپە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، تاشقى ئامىل ئۆزگىرىشنىڭ شەرتى، ئىچكى ئامىل ئۆزگىرىشنىڭ ئاساسى، تاشقى ئامىل ئىچكى ئامىل ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، جەزمەن ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ سوبيېكتلىق ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ سوبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىيات ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلار ساغلام راۋاجلاندى، ھەر مىللەت ئاممىسى خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلىدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى. تەستە قولغا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

ئېسىل مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش سۈپەتلىك ماركا ئۈنۈم ئېففېكتىنى گەۋدىلەندۈرۈش

## شىنجاڭدىكى 16 مەنزىرە رايونى تىرىشىپ 5A دەرىجە بەرپا قىلماقتا

مۇخبىرىمىز ياۋ گاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ سەييۈن رىنجيا مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتىدە، بېيجىڭلىق ساياھەتچى ما لى بىر تەرەپتىن ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بۈركۈت ئۇسسۇلىدىن ھۇزۇرلىنىپ، بىر تەرەپتىن تاجىكلارنىڭ ئېسىل تائاملىرىغا ئېغىز تېگىپ، مەستخۇش بولدى. سەييۈن رىنجيا مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتىدە، ساياھەتچىلەر تاجىك خەلق ناخشىلىرى، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە تۈرلۈك دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىدىن مەركەزلىك ھۇزۇرلىنالايدۇ.

2014 - يىلىدىن باشلاپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بولغان تاشقورغان، دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسى جىنساۋتەن، سەييۈن رىنجيا مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتىنى يادرو قىلغان 3.1 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان پامىر ساياھەت مەنزىرە رايونىنى 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى قىلىپ بەرپا قىلىشنى بېكىتتى.

پامىر ساياھەت مەنزىرە رايونىغا ئوخشاش، نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭدا جەمئىي 16 مەنزىرە رايونى داغدۇغىلىق ھالدا دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بەرپا قىلماقتا.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز يۈەن لىپى خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا 2019 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، شىنجاڭنىڭ ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش، ئاپتونوم رايوندىكى ئۈچ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، تۇغۇت سۇغۇرتىسى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايون «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

## ئاقسۇ تەۋەلىك رايونىنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز لى ياك خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن ئاقسۇ تەۋەلىك رايونىنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 - نۆۋەتلىك 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ،

(ئاخىرى 4- بەتتە)

## قورغاستا 20 تۈردە بىرلا ۋاقىتتا ئىش باشلاندى

### ئومۇمىي سېلىنما 2 مىليارد 462 مىليون يۈەننىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي كاپىتال

مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، قورغاس ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى(شەھىرى)دا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاش، جابدۇق ياساش قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان 20 تۈردە بىرلا ۋاقىتتا ئىش باشلاندى. تۈر ئومۇمىي سېلىنمىسى 2 مىليارد 462 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل ئىچىدە 809 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى ئورۇنداش پىلانلاندى.

بۇ قېتىم ئىش باشلانغان تۈرلەر يىلدا 100 مىڭ توننا بۇغداينى پىششىقلاش، يىلدا 100 مىڭ ئاپتوموبىل تەگلىكى ئاچقۇچلۇق زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى قاتارلىق 14 پىششىقلاش، ياساش تۈرىدىكى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەممىسى سىرتقا يۈزلىنىش تىپىدىكى پىششىقلاش، ياساش تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ۋەندا مەيدانى، تيەنشېڭ قاۋاقخانا ئۆرپ - ئادەت كوچىسى قاتارلىق ساياھەت، سودا، ئۆي - زېمىن تۈرىدىكى ئالتە تۈر بار.

(ئاخىرى 4- بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP　微信公众号　新疆日报网　天山网 APP


**سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر**
ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىلەر

[ئىلاۋە]

سۈرەتلەردە ساقلىنىپ قالغان ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىلەرنى كۆرگىنىڭىزدە، ئەسلىمىڭىزدىكى ئۆتكەن ئىشلار كاللىڭىزدىن يالت قىلىپ ئۆتەمدۇ، ھالقىمدۇ... بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە «سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر —— ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقىلەر» ئىستونى ئېچىلىدۇ، بىز نادىر فوتو سۈرەتلەر ئارقىلىق شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلەپ، كۈرۈنۈشنىڭ كېيىنكى ئارقىلىق سىزگە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىكى ئاشۇ نادىر شىنجاڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىمىز.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنىنى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ



خۇڭشەن باغچىسىنىڭ بوشلۇقتىن تارتىلغان سۈرىتى (6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تارتىلغان).



1959 - يىلى، ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى خۇڭشەننى كۆكەرتمەكتە. □گېزىتىمىزنىڭ ماتېرىيال سۈرىتى

## خۇڭشەندىكى يېشىللىق

□مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى، خەۋىرى

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، بۇ يىل 80 ياشقا كىرگەن خۇاڭ دىڭچى بوۋاي يەنە خۇڭشەن باغچىسىغا كېلىپ، ئەينى يىللىرى ئۆزى تىككەن دەرەخلەرنى كۆردى. 1961 - يىلى، خۇاڭ دىڭچى قىسمىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن تۇرۇشلۇق قىسىممۇ ئەينى ۋاقىتتا خۇڭشەننى كۆكەرتىش پائالىيىتىگە قاتناشقان، تاغ ئۈستى پۈتۈنلەي تاش بولۇپ، تۇپراق قاتلىمى ناھايىتى نېپىز ئىدى، بىز جوتۇ، پولات سومبە بىلەن تاشلىقتا ئورەك كولاپ، ئاندىن تاغ ئېتىكىدىن توپا يۆدۈپ ئېلىپ چىقىپ، ھەربىر تۈپ كۆچەتنى مانا مۇشۇنداق تىككەن.» 1988 - يىلى، خۇاڭ دىڭچى قىسمىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ خۇڭشەن باغچىسىغا كېلىپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. خۇاڭ دىڭچى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 1956 - يىلىدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى ھەر مىللەت شەھەر ئاھالىسىنى خۇڭشەننى كۆكەرتىشكە سەپەرۋەر قىلدى، نەچچە ئون يىل بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، خۇڭشەن قىزىل راۋاق يېشىل دەرەخلىك، يېشىل مۇنار قىزىل تاشلىق، ئۆزگىچە قىياپەتكە ئىگە خۇڭشەن باغچىسىغا ئايلاندى. 2006 - يىلى، خۇڭشەن باغچىسىنىڭ دەرىجىسى دۆلەت 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىغا ئۆستۈرۈلدى ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى يېڭى ئون چوڭ مەنزىرە نۇقتىسىنىڭ بىرىگە ئايلاندى، ھازىر ھەر يىلى كۈتۈۋالىدىغان ساياھەتچى 4 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىدۇ.